ئە: دەل مېنىڭلا ئېشىم بوپتۇ.

ئا: ماۋۇ مانتىنىڭ تەمى بەك پەيزى ئىكەن. سەنمۇ بىر تال يەپ باققىن.

**يېڭى سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Kibirli | تەكەببۇر |
| Tavuskuşu | توز |
| Salla - | سىلكە - |
| Gösteriş yap- | كۆز - كۆز قىل - |
| Palavra at - | غادايـ - |
| Kıyısında | بويلىماق |
| Gez - | سەيلە قىل - |
| Saksağan | سېغىزخان |
| Başını salla - | بېشىنى لىڭشىت - |
| Umrunda ol - | پىسەنت قىل - |
| Çok renkli | رەڭگا - رەڭ |
| Saç - | چاچـ - |
| Yelpaza | يەلپۈگۈچ |
| (kuşların)Tüyü | پەي |
| Tümüyle | راسا |
| Adım at - | قەدەم تاشلا - |
| Kay - | تېيىلـ - |
| Bir süre | بىر هازا |
| Çırpın-,Mücadele et – | تىركەشـ - |
| Kök | يىلتىز |
| Tırman - | ياماشـ - |
| Yaka | قىرغاق |
| Dön - | بۇرۇلـ - |
| Bütün vücudu | ئۇستىبېشى |
| Hırılda - | خىرىلدا - |
| Düşmanca bak - | ئالايـ - |
| Çirkin | سەت |
| Kanatları kak - | قاناتلىرىنى قاقـ - |
| Gölge | كۆلەڭگە |
| Küçült - | مەنستمەسلىك |

تەكەببۇر توز راسىا ئاچچىقلىنىپتۇ – دە، غادىيىپ، كۆكسىنى كېرىگەن ھالدا ئالدىغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلاپتۇ. بىراق تەكەببۇر توز ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا بەك غادىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېيىلىپ كېتىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

توز سۇ ئۈزۈشنى بىلەيدىكەن، ئۇ كۆلدە بىر ھازاغىچە تىركىشىپ، ناھايىتى تەسكىلىكتە بىر تال دەرەخ يىلتىزىنى تۇتۇۋاپتۇ – دە، ئۇنىڭغا يامىشىپ قىرغاققا چىقىۋاپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ كۆلگە قاراپ، خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى كۆلدىكى ھېلىقى قۇشمۇ ئۇستىبېشى ھۆل بولغان ھالدا تېخىچىلا دىر – دىر تىترەپ تۇرغانىكەن.

بۇ چاغدا دەرەختىكى سېغىزخان خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. توز ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپتۇ –دە، ئاچچىقلانغان ھالدا:

- ھەي سەت نېمىگە كۈلىسەن؟ بۇ يەردە سەن كۈلۈپ كەتكۈدەك نېمە بوپتۇ؟- دەپتۇ. سېغىزخان قاناتلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ:

- ھەي تەكەببۇر توز، كۆلدە كۆرۈنگەن ئاشۇ چىرايلىق قۇش ئۆزۈڭنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەسمۇ؟ تەكەببۇرلۇقۇڭدىن ئۆزۈڭنىمۇ مەنىستىمەيسەنغۇ؟-دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان توز ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا ئىنتايىن خىجىل بوپتۇ.



**تاماقخانىدا**

ئا: تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى. تاماققا بارايلى.

ئە: جۇر، بۈگۈن قورسىقىم بەك ئاچتى.

(ئىككىسى تاماقخانىغا كىرىدۇ)

ئا: قارا، بۈگۈن پولۇ قىپتۇ، سەي بىلەن گاڭپەنمۇ بار ئىكەن!

ئە: ئۆچرەتتە تۇرايلى.

ئا: سەن نېمە يەيسەن؟

ئە: ئەلۋەتتە پولۇ يەيمەن – دە. ئۇنىڭدىن باشقا مانتا يەيمەن.

ئا: پاھ! بۈگۈن ئىشتىھايىڭ قالتىسقۇ!

ئە: ئۆزەڭ نېمە يەيسەن؟

ئا: مېنىڭ بۈگۈن مايلىق نەرسە يېگۈم يوق، گاڭپەن يەيمەن.

ئە: پولۇ بەكلا ئوخشاپتۇ. ئازراق تېتىپ باققىن.

ئا: تۇزلۇقراق بوپ قاپتۇ.

ئا: يەنە نېمە دەپتۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: يەنە | «ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقتىن قورقمىغىن!»<br>«بەك كەچ ئۇخلىمىغىن!» | دەپتۇ. |
| ئۇ | سېنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىڭنى<br>بۇنىڭ بىزنىڭ ئۈنئالغۇمىز ئىكەنلىكىنى | بىلىدۇ. |
| ئۇ | سېنىڭ دوختۇر ئەمەس ئىكەنلىكىڭنى / ئەمەسلىكىڭنى<br>بۇنىڭ بىزنىڭ ئۈنئالغۇمىزئەمەس ئىكەنلىكىنى / ئەمەسلىكىنى | بىلىدۇ. |

## تېكىست

### تەكەببۇر توز

بۇرۇنقى زاماندا بىر توز بار ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل، ئەمما ناھايىتى تەكەببۇر ئىكەن. ئۇ چىرايلىقراق بىرىنى كۆرسىلا قاناتلىرىنى سىلكىپ، قۇيرۇقلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قۇيرۇقىنى سۆرەپ، غادايغان ھالدا كۆل بويىغا سەيلى قىلغىلى بېرىپتۇ. دەرەختىكى سېغىزخان ئەدەب بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن توز سېغىزخاننىڭ سالىمىغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويماپتۇ.

توز كۆل بويىدا سەيلە قىلىپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىگە ئوپمۇ ئوخشاش بىر قۇشنىڭ كۆلنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا كۆلدىكى قۇشمۇ ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن توز دەرھال توختاپ، ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆلدىكى قۇشنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلماقچى بوپتۇ - دە، قۇيرۇقىنى ئېچىپتۇ. توزنىڭ ئېچىلغان گۈزەل قۇيرۇقى رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان چوڭ بىر يەلپۈگۈچكىلا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىراق، كۆلدىكى ھېلىقى قۇشنىڭمۇ توختاپ تۇرۇپ، قۇيرۇقىنى ئاچىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن دەيسىز. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل قۇيرۇقىنى سىلكىنگەندە، رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرغان چوڭ يەلپۈگۈچكىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

تەكەببۇر توزنىڭ بىرئاز ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىدىكى پەيلىرىنى سىلكىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا كۆلدىكى ھېلىقى چىرايلىق قۇشمۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىدىكى پەيلىرىنى سىلكىگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ